2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى | مۇھىم خەۋەرلەر

# ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە باشقا تۈرلۈك مۇھىم دوكلاتلارغا قاراپ چىقتى ھەم ئۇنى تەستىقلىدى، ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق قارىدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا باشتىن - ئاخىر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئومۇمىيۈزلۈك سىڭدۈرۈلگەن، بۇ دوكلات پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كونكرېتلاشتۇرغان، بايرىقى روشەن، باش تېمىسى گەۋدىلىك، ئىخچام، ئەمەلىي بولغان ياخشى دوكلات بولۇپتۇ. يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى نەتىجە - ئۈنۈملەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئىشەنچ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا قانۇنغا تايىنىش، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇشتا مىزانغا تايىنىش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى تۈزۈش پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم نەتىجىسى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق قارىدى: جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى جەزمەن دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ھەق تەلەپ قانۇنچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىندا ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ تۈۋەن چېكىگە خىرىس قىلىدىغان ھەرقانداق قىلمىشقا ھەرگىز يول قويماسلىق، دۆلەتنى پارچىلايدىغان ھەرقانداق قىلمىشقا ھەرگىز يول قويماسلىق ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق قارىدى: بۇ تۈزۈمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسىي قانۇن ۋە شىياڭگاڭ ئېگىزلىك قانۇنىغا ئۇيغۇن، شىياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، ئۇ شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى ئۈنۈملۈك قوغداپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ قانۇنچىلىق ئاساسى، سىياسىي ئاساسى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسىنى كۈچلۈك مۇستەھكەملەيدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ.

2020 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل. مۇشكۈل، ئېغىر ۋەزىپە ئالدىدا، مىسلىسىز خىرىس ئالدىدا، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى تەرەپلەر دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشىغا يۈزلەنگەندە كۆڭلىدە سان بولۇشى، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە سىياسەت تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى كەم - كوتىسىز ياخشى تۇتۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، تارىخ ۋە خەلققە لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.

پارتىيەنىڭ يىلتىزى خەلقتە، جان تومۇرى خەلقتە، كۈچى خەلقتە. پارتىيەنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى تۈپ مەقسىتى خەلقنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت، مەيلى قانچىلىك زور خىرىس ۋە بېسىمغا دۇچ كېلەيلى، مەيلى قانچىلىك زور قۇربان بېرىشىمىز ۋە بەدەل تۆلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بۇ نۇقتىدا باشتىن - ئاخىر ئېغىشمايمىز، قىلچە تەۋرەنمەيمىز. بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشى ئەمەلىيىتى يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى: «خەلق ھەقىقىي قەھرىمان. خەلققە چىڭ تايانساقلا، بىز چوقۇم بارلىق قىيىنچىلىق، خەۋپ - خەتەر، تۇسالغۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.» كەلگۈسىگە يۈزلەنگىنىمىزدە، بىز خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلققە چىڭ تايىنىپ، خەلققە ئۆزلۈكسىز بەخت يارىتىپ، خەلق ئارىسىدا پۇختا يىلتىز تارتىپ، 1 مىليارد 400 مىليون خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيەت ئالاھىدىلىكى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى بېيىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، مىليونلىغان خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسىنى گۈزەل رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ پارلاق ئىستىقبالى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. ۋاقىت ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ، تارىخ ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ! ۋاقىت جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگۈچىلەرگە مەنسۇپ، تارىخ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگۈچىلەرگە مەنسۇپ! بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بوران - چاپقۇندىن قورقماي، خىرىسقا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاتلىنىپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پۇختا ئىشلەپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى

ئىككى يىغىن تېز خەۋىرى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز يۈەن لىي، رىن جياڭ

خەۋەر قىلىدۇ: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىننىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى تولۇق تاماملىغاندىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئالاھىدە مەزگىلدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنى روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملىدى، ئەزالار بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يىغىن روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى ئۆز ئىش ئورنىمىزغا قويۇپ، يىغىننىڭ تەلەپلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ لاياقەتلىك بولغان مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش جاۋاب قەغىزى تاپشۇرىمىز.

يىغىن مەزگىلىدە، ئەزالار يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە كۈچلۈك تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات، تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلاتنى ئەستايىدىل قاراپ چىقتى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسى ھەم باشقا ئالاقىدار دوكلاتلارنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئالاھىدە ۋەزىيىتىدە «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر كېڭىشىپ - مۇھاكىمە قىلىپ، پايال ئەقىل - تەدبىر كۆرسىتىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە، شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنغا 117 پارچە تەكلىپ تاپشۇردى.

شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى گۈلپەرى ئابدۇللا مۇنداق دېدى: خىزمەت ئورنۇمغا قايتقاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە ئىككى يىغىن روھىنى تېزدىن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەزالىق مەسئۇلىيىتىمنى زىممەمگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، مائارىپ تەرەققىياتى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى سەۋىيەسىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆستۈرۈپ، مائارىپنىڭ تەكشى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەربىر بالىنى ئادىل ھەم سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىلەندۈرۈشكە تىرىشىمەن.

(بېشى 7 - بەتتە)

كۈچەپ دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى قوغداپ، قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاقىل سوت مەھكىمىسى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان قوشۇن قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، سوت قىلىش فۇنكسىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ھەم ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك قانۇن يۈرگۈزۈش كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

(بېشى 7 - بەتتە)

كۈچەپ دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى قوغداپ، قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان قوشۇن قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ، مەمۇرىي، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق دەۋاسى تەپتىشلىكى خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ماس، تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ھەم ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك قانۇن يۈرگۈزۈش كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

(بېشى 7 - بەتتە)

شىياڭگاڭنىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىنى قوغداش، شىياڭگاڭ ئاھالىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نىڭ 31 - ماددىسى ۋە 62 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقى، 14 - تارمىقى، 16 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىلەر، شۇنداقلا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئېگىزلىك قانۇنى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۆۋەندىكىدەك قارار چىقاردى:

بىرىنچى، دۆلەت «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»، «شىياڭگاڭنى شىياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۈكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ھەم ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىياڭگاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئېگىزلىك قانۇنىدا بېكىتىلگەن شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرتىپىنى قوغداپ، زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىش ۋە پائالىيەتلەرنىڭ قانۇن بويىچە ئالدىنى ئالىدۇ، چەكلەيدۇ ۋە جازالايدۇ.

ئىككىنچى، دۆلەت چەت ئەل ۋە چېگرا سىرتىدىكى ھەرقانداق كۈچنىڭ ھەرقانداق شەكىل بىلەن شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قارشى تۇرۇپ ۋە چەكلەپ، چەت ئەل ۋە چېگرا سىرتىدىكى كۈچلەرنىڭ شىياڭگاڭدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭدۈرمىچىلىك، بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنىڭ قانۇن بويىچە ئالدىنى ئالىدۇ، چەكلەيدۇ ۋە جازالايدۇ.

ئۈچىنچى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمىنىڭ مەسئۇلىيىتى. شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئېگىزلىك قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش جەھەتتە قانۇن چىقىرىشنى بالدۇرراق تاماملىشى شەرت. شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى، قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى، قانۇن يۈرگۈزۈش ئورگانلىرى ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىش ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىشى ھەم ئۇنى چەكلىشى ۋە جازالىشى شەرت.

تۆتىنچى، شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئاپپاراتى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى شەرت. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغدايدىغان ئالاقىدار ئورگانلىرى ئېھتىياجغا ئاساسەن شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا ئاپپارات تەسىس قىلىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا ئالاقىدار ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىدۇ.

بەشىنچى، شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، دۆلەت خەۋپسىزلىك تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىش ۋە پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە مەنئى قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللىرى توغرىسىدا قەرەللىك ھالدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات سۇنۇشى شەرت.

ئالتىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئالاقىدار قانۇنلارنى تۈزۈپ، دۆلەتنى پارچىلاش، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش، تېررورلۇق پائالىيىتىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش قاتارلىق دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق قىلمىش ۋە پائالىيەتلەر ھەم چەت ئەل ۋە چېگرا سىرتىدىكى كۈچلەرنىڭ شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش، ۋە جازالاش ھوقۇقى بېرىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يۇقىرىقى ئالاقىدار قانۇنلارنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئېگىزلىك قانۇنى»نىڭ 3 - قوشۇمچە ھۆججىتىگە كىرگۈزۈشنى، شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ شۇ جايدا ئېلان قىلىپ يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

يەتتىنچى، بۇ قارار ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.